ئاندرېۋ ھېيۋۇد (Andrew Heywood) تەرىپىدىن يېزىلغان سىياسەت ناملىق كىتاپ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق كىتابلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. نۇرغۇن ئىلىمشۇناسلار مەزكۇر كىتاپقا يۇقىرى باھالارنى بېرىدۇ. مەسىلەن پىروفېسسور جۇن توك كىتاپ ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: " بۇ كىتاب ئۆز تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، كىتاب ئانالىتىك تەپەككۇر ۋە ئۇستا يازغۇچىلىقنىڭ مەھسۇلاتىدۇر. سىياسەت ئوقۇيدىغانلار ياكى سىياسەت ئىلمىگە قىزىققۇچىلار ئۈچۈن ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان مەنبەدۇر. بۇ كىتاپ سىياسەت ئىلمىدىن يىراق تۇرىدىغانلارنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ." دوكتور دېيۋىد بىرووۋنمۇ كىتاپ ھەققىدىكى باھاسىنى مۇنۇ جۈمللەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ: "كىتاپتا مودېرن پىكىرلەر، ئېقىملار، ئىدېئولوگىيەلەر ۋە ئۇقۇملار ئىنچام ئىزاھلىنىش بىلەن بىرگە، مودېرن سىياسىي مۇئەسسەسەلەر، قائىدە-پرىنسىپلار ۋە جەريانلار ھەققىدىمۇ مەلۇمات بېرىلىدۇ."

# بىرىنچى باب
# سىياسەت دېگەن نېمە؟

*«ئىنسان تەبىئىتىدىن بىر سىياسىي ھايۋاندۇر»*

*- ئارىستوتېل، سىياسەت*

سىياسەت تولىمۇ قىزىقارلىق، چۈنكى كىشىلەر ئۆزئارا ئىختىلاپ ئىچىدە ھاياتىنى داۋام قىلىدۇ. كىشىلەردە قانداق ياشاش توغرىسىدا پىكىر بىردەكلىكى يوق. چۈنكى كىم نېمىنى ئېلىشى كېرەك؟ كۈچ ۋە بايلىق قانداق تەقسىملىنىشى كېرەك؟ خەلق ھەمكارلىقنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ ياكى توقۇنۇشنى ئاساس قىلىشى كېرەكمۇ؟ قارار قانداق بولىدۇ؟ كوللېكتىپ قارارلار قانداق چىقىرىلىشى كېرەك؟ سۆز قىلىش ھوقۇقى كىمدە بولۇشى كېرەك؟ ھەر بىر ئادەمنىڭ قانچىلىك تەسىر كۈچى بولۇشى كېرەك؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى قانداق ھەل قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت.

ئارىستوتېلنىڭ سۆزى بويىچە ئالغاندا، سىياسەت كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە ياخشى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان پائالىيىتىدۇر، بۇ پائالىيەت سىياسەتنى «ئەڭ ئالىي ئىلىم» سالاھىيىتىگە ئىگە قىلغان.

سىياسەت مۇھىم بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. ئۇ ھەردائىم بىر دىيالوگ بولۇپ، ھەرگىزمۇ مونولوگ ئەمەس. روبىنسون كرۇزوغا ئوخشاش شەخسلەر بەلكىم بايلىق يارىتالىشى، پۇل تاپالىشى، سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىختىرا قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنالمايدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، سىياسەتنىڭ ماھىيىتىدىكى ئىختىلاپ ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۇنى قانداق تەتقىق قىلىش كېرەكلىكىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىشىلەر ئۆزئارا ئىجتىمائىي ئالاقىنى «سىياسىي» قىلغان ئامىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا سىياسىي پائالىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى شەكىلدە قانداق ئانالىز قىلىنىدىغانلىقى ۋە چۈشەندۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدىمۇ ھەمپىكىر ئەمەس.

بۇ بابتىكى ئاساسلىق تېمىلار تۆۋەندىكىچە:

1. بىر پائالىيەت سۈپىتىدە سىياسەتكە تەبىر بېرىدىغان ئامىللار قايسىلار؟
2. سىياسەتنى ئوخشىمىغان مۇتەپەككۇر ۋە ئىدىيۋى ئېقىملار قانداق چۈشىنىدۇ؟
3. سىياسەت بارلىق ئىجتىمائىي ئورگانلاردا مەۋجۇتمۇ ياكى پەقەت مەلۇم بىرىدىمۇ؟
4. سىياسەتنىڭ بىر پەن سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىشىدا قايسى مېتود، ئۇسۇللار قوللىنىلىشى كېرەك؟
5. سىياسەتنىڭ تەتقىقاتى ئىلمىي بولالامدۇ؟
6. سىياسەت تەتقىقاتىدا ئۇقۇم، مودېل ۋە نەزەرىيەلەر قانچىلىك رول ئوينايدۇ؟

## سىياسەتنىڭ ئېنىقلىمىسى

كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى تەشكىل قىلىدىغان ئومۇمىي قائىدىلەرنى تۈزۈش، قوغداش ۋە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

سىياسەت ئىلمىي تېما بولۇش بىلەن بىرگە، يەنە بىر پائالىيەتنىڭ تەتقىقات قىلىنىشىدۇر. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسەت توقۇنۇش ۋە ھەمكارلىق ئىچىدە ئۆزئارا مۇرەككەپ باغلىنىشچانلىققا ئىگە.

بىر تەرەپتىن، قارىمۇ قارشى ئىدىيەلەرنىڭ، ئوخشىمىغان ئارزۇ-ئۈمىدلەرنىڭ، رىقابەت ئېھتىياجلىرىنىڭ ۋە زىددىيەتلىك مەنپەئەتلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئىنسانلارنىڭ بىرلىكتە ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-تۈزۈملەر توغرىسىدىكى بەلگىلىك ئىختىلاپلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، كىشىلەر بۇ قائىدە- تۈزۈملەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىش ياكى ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىشى، يەنى، خەننا ئارېندتنىڭ ھاكىمىيەت بىشىدىكىلەرگە ئېنىقلىما بەرگەندە ئىشلەتكەن تەبىرى بويىچە ئالغاندا، «ھەمكارلىشىش[1]»نى بىلىشى كېرەك.

[1] ھەمكارلىق - بىرلىكتە ئىشلەش، يەتمەكچى بولغان مەقسەتكە كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ئارقىلىق يېتىشتۇر.

شۇڭلاشقا، سىياسەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ قارىمۇ قارشى ئىدىيەلەرنىڭ ۋە بىر-بىرى بىلەن رىقابەت ھالىتىدىكى مەنپەئەت گۇرۇھلىرىنىڭ ياراشتۇرۇلۇش ۋە توقۇنۇشىنىڭ[2] ھەل قىلىنىش جەريانىدۇر.

بۇ كەڭ مەنىسىگە ئاساسەن ئېيتقاندا، سىياسەتنى بارلىق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلغان ياكى ھەل قىلىدىغان بىر پائالىيەت ئەمەس، بەلكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارە ئىزدەيدىغان بىر ھەرىكەت دەپ چۈشىنىش كېرەك.

قانداقلا بولمىسۇن، كۆپخىللىق ( بىز ھەممىمىز بىر بىرىمىزگە ئوخشىمايمىز) ۋە كەمچىللىكنىڭ ( تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىمىز مەڭگۈ تولۇق قاندۇرۇلالمايدۇ ) مۇقەررەرلىكى سىياسەتنى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى قىلغان. سىياسەتنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقى يەنىلا ئىككى چوڭ مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ:

بۇلارنىڭ بىرى، بۇ سۆزنىڭ كۈندىلىك ئىستېمالدا ئىشلىتىلىش جەريانىدا كېلىپ چىققان نۇرغۇن مەنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، باشقىچە ئېيتقاندا، سىياسەت «يۈكى ئېغىر» بىر ئاتالغۇدۇر. كىشىلەر ھەمىشە ئىقتىساد، جۇغراپىيە، تارىخ  ۋە بىيولوگىيەنى نوقۇل بىر پەن دەپ قارىسىمۇ، ئەمما سىياسەتكە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەسلى مەۋجۇت قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەقىل قارايدىغانلار يوق دېيەرلىك.  مەسىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر سىياسىي مەسىلىگە بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇش ۋە ھېسسىيات ئارىلاشتۇرماي مۇئامىلە قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئىشەنمەيدۇ ۋە  ئىستىخېيلىك ھالدا سىياسەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ مەلۇم جەھەتتە تەرەپباز ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، كىشىلەر سىياسەتنى  ھەمىشە «مەينەت»لىك بىلەن تولغان بىر سۆز دەپ قارايدۇ: ئۇنى بىر تەرەپتىن ئاۋارىچىلىق، دەرت ئەلەم، مالىمانچىلىق ھەتتا زوراۋانلىق بىلەن ئىزاھلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدامچىلىق، تىزگىنلەش ۋە يالغانچىلىقتەك مەنىلەر بىلەن ئىزاھلايدۇ. بۇخىل ئىزاھلار بەك يېڭى بىر نەرسىمۇ ئەمەس. سامۇئىل جونسون 1775-يىللىرى ئەتراپىدا سىياسەتنى «دۇنيادا باش كۆتۈرۈشنىڭ بىر قورالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەپ تۆۋەن كۆرسە، 19-ئەسىردە ئامېرىكىلىق تارىخچى ھېنرىي ئادامىس «ئۆچمەنلىكنىڭ سىستېمىلىق تەشكىللىنىشى» دەپ خۇلاسىلىگەن. شۇڭلاشقا سىياسەتكە ئېنىقلىما بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار ئاتالغۇنى بۇنداق ئىزاھلاردىن ئايرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرماقتا. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددى ئۇسۇلى بۇ ئاتالغۇنى ناچار نام-ئاتاقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە سىياسەتنىڭ قىممەتكە لايىق، ھەتتا ماختىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈشكە تىرىشىشتۇر.

ئىككىنچى ۋە تېخىمۇ قىيىن بولغىنى، نوپۇزلۇق ئىلمىي ئورگانلارنىڭمۇ بۇ ئاتالغۇ ھەققىدىكى پىكىرلىرىنىڭ بىردەك بولماسلىقىدۇر. سىياسەتكە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھوقۇقنى ئىشلىتىش،

[2] توقۇنۇش - ئۆكتىچىلەر ئارىسىدىكى كۆز قاراش، تالاش، ئېھتىياج ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ پەرقلىقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرگەن رىقابەتتۇر.

كوللېكتىپ قارار چىقىرىش، كەمچىل بايلىقلارنى تەقسىملەش، ئالدامچىلىق ۋە تىزگىنلەش...دېگەندەك خىلمۇخىل ئېنىقلىما بىرىلىدۇ.

بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئومۇمىي ئىجتىمائىي قائىدە-تۈزۈملەرنىڭ تۈزۈلۈشى، قوغدىلىشى ۋە ئۆزگەرتىلىشى» شەكلىدىكى سىياسەت تەبىرلىرى كۆنىمىزدىكى سىياسەت تەبىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن مەسىلە بۇ ئېنىقلىمىنى يېشىش ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش جەريانىدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مەسىلەن، «سىياسەت» قائىدە تۈزۈملەرنى تۈزۈش، قوغداش ۋە ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەلۇم بىر ئۇسۇلنى (تىنچ يول بىلەن ياكى مۇنازىرە ئارقىلىق ئۆزگەرتىشنى) كۆرسىتەمدۇ ياكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنىمۇ؟ بۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر سوئال بولسا، سىياسەت بارلىق ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئاپپاراتلاردا كۆچكە ئىگىمۇ ياكى پەقەت ئۇلارنىڭ مەلۇم بىر قىسمىدا (يەنى، دۆلەت ۋە تەشكىلاتتا) كۆچكە ئىگىمۇ؟

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىياسەتنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ۋە ھەقلىق مەنىسى كۆپ بولغان «ماھىيەتتە تالاش تارتىشچانلىقىقا ئىگە» بىر ئۇقۇم دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ ئوخشىمىغان قاراشلار ئوخشاش ئۇقۇمغا بولغان قارىمۇ قارشى چۈشەنچىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇشى مۇمكىن. مەيلى قارىمۇ قارشى ئۇقۇملار ياكى يانداش ئۇقۇملار بولسۇن، ئەقلىي ۋە ئىدىيەۋى ئىختىلاپلار ئىلمىي تەتقىقاتلار ئارقىلىق مەيدانغا چىققاندا، سىياسەتنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى مۇلاھىزە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

سىياسەت بىلەن ئالاقىدار تەتقىق قىلىنىشقا ئەرزىيدىغان كۆز قاراشلار تۆۋەندىكىچە:

- ھۆكۈمەت تەشكىللەش سەنئىتى سۈپىتىدە سىياسەت
- ئاممىۋىي مەسىلىلەر سۈپىتىدە سىياسەت
- مۇرەسسە ۋە كېلىشىم سۈپىتىدە سىياسەت
- ھاكىمىيەتنىڭ ۋە بايلىقلارنىڭ تارقىتىلىشى سۈپىتىدە سىياسەت

## ھۆكۈمەت تەشكىللەش سەنئىتى سۈپىتىدە سىياسەت

«سىياسەت ئىلىم ئەمەس... بەلكى ئۇ بىر سەنئەت.» بۇ سۆزنىڭ گېرمانىيە باش مىنىستىرى بىسماركنىڭ گېرمانىيە پارلامېنتىدا ئېيتقانلىقى ئېيتىلىدۇ. بۇنى ئېيتقان بىسماركنىڭ كاللىسىدىكى

سەنئەت ھۆكۈمەت تەشكىللەش سەنئىتى بولۇپ، كوللېكتىپ قارار چىقىرىش ۋە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنى كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر.

بۇ بەلكىم سىياسەتنىڭ قەدىمكى يۇنانچىدىن كەلگەن بىر ئېنىقلىمىسى بولۇشى مۇمكىن. «سىياسەت (politics)» كەلىمىسى «ساقچى (police)» [3]كەلىمىسىدىن تۈرلىنىپ كەلگەن بولۇپ، ئەسلى مەنىسى «شەھەر دۆلىتى» دېگەندىن ئىبارەت.

قەدىمكى يۇنان ئاھالىلىرى ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت تۈزۈمگە ئىگە بولغان مۇستەقىل شەھەر دۆلەتلىرىدە ياشايتتى. بۇ شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ ۋە تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى دېموكراتىك ھاكىمىيەتنىڭ بۆشۈكى دەپ تەسۋىرلەنگەن ئافىنا ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، سىياسەت ساقچىلارنىڭ خىزمىتى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساقچىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار نۇقتىسىدىن چۈشىنىلەتتى.

شۈڭلاشقا، بۇ ئېنىقلىمىنىڭ زامانىۋىي شەكلى سىياسەتنىڭ دۆلەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان شەكلىدۇر. بۇ خىل سىياسەت چۈشەنچىسىدە ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىلەر «سىياسەتتە» بەكرەك نامايەن بولىدۇ ياكى ئۇلار «سىياسەتكە كىرگەنلەر» دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە سىياسەت ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدىغان بىر ئېنىقلىما.

نۇرغۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىياسەتنىڭ «دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك» ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قاراش بۇ پەن ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قاراشتۇر ۋە بۇ كۆز قاراش ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ  دۆلەت ئاپپاراتلىرى خادىملىرى ۋە دۆلەت مېخانىزمىسىغا مەركەزلىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى خاھىشدا ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

سىياسەتنى تەتقىق قىلىش ـ ماھىيەتتە دۆلەتنى، كەڭ دائىرىلىك قىلىپ ئېيتقاندا، ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى تەتقىق قىلىشتۇر.

بۇ قاراش سىياسەتنى «قىممەتلەرنىڭ ھوقۇق ئارقىلىق تەقسىملىنىشى» سۈپىتىدە چۈشەندۈرگەن ئامېرىكىلىق سىياسەت ئىلمى تەتقىقاتچىسى دەيۋىد ئىستوننىڭ تەتقىقاتلىرىدا (1979،1981) ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدا ئىستون سىياسەتنىڭ خەلقتىن كەلگەن بېسىملارغا دۆلەتنىڭ مەنپەئەت، مۇكاپات، جازالاش ۋاستىسى ئارقىلىق جاۋاپ بېرىشىدەك تۈرلۈك جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقان.

«ھوقۇق يولى ئارقىلىق تەقسىملەنگەن قىممەتلەر» جەمئىيەتتە كەڭ كۆلەمدە قوبۇل قىلىنغان ۋە خەلق تەرىپىدىنمۇ ماقۇل كۆرۈلگەن قىممەتلەردۇر.

[3] ساقچى (police): قەدىمكى يۇنانچىدا شەھەر دۆلىتى دېگەنلىك بولۇپ، ئىجتىمائىي تەشكىلاتچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋە غايىۋىي شەكلىدۇر.

بۇ جەمئىيەتتە بىر ھەرىكەت پىلانى ئورناتقان رەسمىي ياكى زورلۇق كۈچكە تايانغان قارارلار مەنىسىدىكى «سىياسەت»نى ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. بۇ خىل تەبىردىكى تار دائىرىلىك سىياسەت چۈشەنچىسى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. سىياسەت ئەسلىدە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان بىر ئىجتىمائىي تەشكىلات سىستېمىسىدا ئەمەلگە ئاشىدىغان نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىياسەت مىنىستىرلار كېڭىشىدە، قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرىدا، ھۆكۈمەت ئىدارە ئورگانلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئورۇنلاردا يۈرگۈزۈلىدۇ، سىياسەتچىلەر، مەمۇرلار ۋە لوبىچىلارغا ئوخشاش چەكلىك ساندىكى مەلۇم كىشىلەر كوللېكتىپى تەرىپىدىن ئىجرا قىلىنىدۇ. بۇ دېگەنلىك، نۇرغۇن ئىنسانلار، ئورگانلار ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر سىياسەتنىڭ «سىرتىدا» قالىدۇ دېگەنلىكتۇر.

بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سودا دائىرىلىرى، ئىلىم يۇرتلىرى، باشقا مائارىپ تارماقلىرى، جامائەتلەر، ئائىلىلەر ۋە باشقىلارنىڭمۇ سىياسەت بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ. چۈنكى بۇلار دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشالمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىياسەتنى پەقەت دۆلەت بىلەنلا باغلىنىشلىق بىر ھەرىكەت دەپ تەسۋىرلەش، دۆلەت ھالقىغان تېخنىكا ۋە خەلقئارالىق شىركەتلەرگە ئوخشاش زامانىۋىي تۇرمۇشتا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەۋاتقان خەلقئارالىشىش ياكى يەرشارىلىشىشنىڭ تەسىرىگە سەل قارىغانلىق بولىدۇ.  بۇ مەنىدىكى سىياسەت ئېنىقلىمىسى مىللىي دۆلەتلەرنى دۇنيا تەرەققىياتىدىكى مۇستەقىل بىر ئاكتور سۈپىتىدە كۆرىدىغان قاراشنىڭ يالدامىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇرەككەپ جەمئىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى پەقەت ھۆكۈمەتلا ئۆتىمەستىن، بەلكى بۇنىڭغا كەڭ ئاممىۋىي ۋە خۇسۇسىي جەمئىيەتلەرنىڭمۇ ئىشتىراك قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى قاراش بارغانسېرى ماقۇل كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ئەھۋال، ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا « شېرىك ھۆكۈمەت »[4]نىڭ چىقىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيەدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

بۇ خىل ئېنىقلىمىنى تېخىمۇ تارايتىش مۇمكىن، سىياسەتنى پارتىيە سىياستى بىلەن تەڭداش مەناغا ئىگە قىلىش خاھىشىدا بۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىز.

---

[4] ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش باشقۇرۇشتىن كەڭرەك دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بىر ئاتالغۇدۇر. ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر چۈشەندۈرۈشى بولمىسىمۇ، كەڭ مەنىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەتنى ھاكىمىيەتنىڭ قارمىقىدىكى بىر ئورگان دەپ بىلىش مۇمكىن ۋە «ھۆكۈمەتسىز ھاكىمىيەت ( 1996 Rhodes)»نىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت. ئاساسلىق باشقۇرۇش تەرتىپلىرى بازارلار، ئىجتىمائىي قاتلاملار ۋە قانۇنسىز گۇرۇھلاردۇر. ئاتالغۇنىڭ كەڭ ئىشلىتىلىشى تەشكىلىي ئىشلارنىڭ يېڭىچە تەرەققىياتى، ئاممىۋىي ۋە شەخسىي ھەمكارلىقنىڭ  چوڭىيىشى، سىياسىي تورلارنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ بارغانچە ئېشىپ بېرىشى بىلەن دۆلەت ھالقىغان ۋە دۆلەت ئاستى تەشكىلارنىڭ تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئوخشاش ئىلگىرىلەشلەر بىلەن نەتىجىلەنگەن دۆلەت جەمئىيەت پەرقىنىڭ غۇۋالىشىشىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بەزىلەر ھاكىمىيەتنى قوماندانلىق قىلىش ۋە نازارەت قىلىش مېخانىزمىدىن ۋاز كېچىپ، مەسلىھەت ۋە سودىلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك بىر يۆنىلىش، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنى «ئاز ھۆكۈمەت»  ۋە ئەركىن بازارغا مايىل بىر تاللاش، دەپ قارايدۇ.

باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى «سىياسىي»نىڭ دائىرىسى ئاڭلىق ھالدا ئىدېئولوگىيە بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە سىياسىي پارتىيەلەرگە ئوخشاش رەسمىي تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇش ئارقىلىق بۇ پىكىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان دۆلەت خادىملىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇنىڭدا سىياسەتچىلەرگە «سىياسىي»، دۆلەت خادىملىرىغا (تەرەپ تۇتمىغان ياكى كەسپىي شەكىلدە ھەرىكەت قىلغانلا بولسا) «غەيرىي سىياسىي» دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. شۇنىڭدەك، سوتچىلارمۇ قانۇننى ئاساس قىلىپ ياكى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئىسپاتلار بىلەن ھۆكۈم چىقارغاندا «غەيرىي سىياسىي» ھېسابلانسا، ئۆز ئىرادىسى ياكى مەلۇم تەرەپلەرنىڭ تەسىرى بىلەن ھۆكۈم چىقارغاندا «سىياسىي» دەپ قارالغان.

سىياسەت بىلەن دۆلەت ئىشلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىش، سىياسەتكە نېمە ئۈچۈن دائىم پاسسىپ ياكى ناچار كۆرسىتىدىغان ئوبرازلارنىڭ ئارتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ياردەمدە بولىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى، جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان كۆز قاراشتا سىياسەتنىڭ سىياسەتچىنىڭ پائالىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتەك كۆرۈنۈشىدۇر. قوپاللىراق قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسەتچىلەر شەخسىي ھەۋەس ۋە غەرەزلىرىنى دۆلەت خىزمىتى ياكى ئىدېئولوگىيەلىك ئۇقۇم شوئارلار بىلەن نىقابلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ قۇيرۇقىدىن چىقمايدىغان ئىككى يۈزلىمىچى كىشىلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ.

بۇ خىل تونۇش ئەسلىدە ئاممىۋىي تاراتقۇلارنىڭ كۆندىن كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاشكارىلاش كۈچى، بولۇپمۇ بۈگۈنكى دۇنيادىكى چىرىكلىك ۋە ئادالەتسىزلىكلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئاشكارىلىشى نەتىجىسىدە تېخىمۇ ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەردە سىياسەتكە قارشى تۇرۇش خاھىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەپ بولغان.

كىلاسسىك سىياسىي ھاياتنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە ئەسلىھەسىگە مۇناسىۋەتلىك  بۇ خىل رەت قىلىنىشىنىڭ تۈپ يىلتىزى سىياسەتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان، ئىككى يۈزلىمىچى ۋە  پىرىنسىپسىز بىر ھەرىكەت دەپ قارايدىغان ئىدىيەدۇر. بۇنىڭ تارىخىنى «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» (1531\1961) ناملىق ئەسەردە سىياسىي لىدىرلارنىڭ ھىيلىگەرلىك، زالىملىق ۋە ساختىپەزلىكنى قانداق قوللىنىدىغانلىقىغا دىققەتنى بۇراش ئارقىلىق، رېئالىستىك سىياسەت ئانالىزىنى ئوتتۇرىغا قويغان نىكولاي ماكىئاۋېللىنىڭ دەۋرىگىچە تاقاشتۇرۇش مۇمكىن.

سىياسەتكە بولغان بۇ خىل سەلبىي تونۇش شەخسلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغلىشىشى، سىياسىي كۈچنىڭ چىرىتكۈچى ئىكەنلىكى، بۇ كۈچنىڭ «ھوقۇقدارلار»نىڭ ھوقۇقىنى شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ زىيىنى بەدىلىگە قوللىنىدىغانلىقىدەك لىبېرال سىياسەت قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

بۇ ئىدىيە لورد ئاكتوننىڭ (1834-1902) مەشھۇر سۆزىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان: «كۈچ[5] چىرىشكە مايىل كېلىدۇ. مۇتلەق كۈچ چوقۇم چىرىيدۇ.»

[5] كەڭ مەنىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۆزى ئارزۇ قىلغان نەتىجىگە ئېرىشىش كۈچىدۇر ۋە بەزىدە بىر ئىشنى «قىلالايدىغان» بولۇش دېگەن مەنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ شەخسنىڭ ئۆز ھاياتلىقىنى

بىراق سىياسەتنى موشۇنداق چۈشىنىدىغانلارنىڭمۇ ئاز بىرقىسمى سىياسىي پائالىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزلۈكسىز ۋە مۇقەرەر بىر تەركىبى ئىكەنلىكىدىن شۈبھىلىنىدۇ.

قىممەتلەرنى ھوقۇق ئارقىلىق تەقسىملەشتىن ئىبارەت مەلۇم خىل مېخانىزم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىجتىمائىي توختام نەزەرىيەچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەك، جەمئىيەتتە كىشىلەر ئاسانلا بىر-بىرىگە قارشى ئىچكى ئۇرۇشقا كىرىشىپ پارچىلىنىشى مۇمكىن.شۇڭلاشقا بۇنداق ئەھۋالدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىش سىياسەتكە ئەلۋىدا دېيىش ياكى سىياسەتچىلەرنى ئىشتىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت كۈچىنى ئۆزىنىڭ پايدىسىغا ئىشلىتىشنى تورمۇزلايدىغان ياكى ئۇلارنى چەكلەيدىغان بىر مېخانىزمنى بەرپا قىلىشتۇر.

**نكولاي ماكياۋللى (Niccolö Machiavelii 1527-1469)**

نكولاي ماكياۋللى ئىتالىيەلىك سىياسەتچى ۋە يازغۇچى بولۇپ، ئادۋوكات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ سىياسىي بىلىمى سىياسىي جەھەتتىن تۇراقسىز بولغان (بەزىدە ئۇنىڭغا خەتەرلەر ئېلىپ كەلگەن) فلورېنسىيەدىكى ھاياتىدىن كەلگەن. ئۇ 1498-1512-يىللىرى ئارىسىدا ئىككىنچى باش مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن ۋە فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيەنىڭ ھەر تەرىپىگە خىزمەت بىلەن ئەۋەتىلگەن. قىسقا مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۇچرىغان. مېدىچى ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ماكياۋللى ئەدەبىي ھاياتىنى باشلىغان. ئۇنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىدىن بىرى 1531-يىلى نەشر قىلىنغان «ھۆكۈمدارلار دەستۇرى» بولۇپ، بۇ كىتابتا ئۇنىڭ جەزەرا بورجىيانىڭ دۆلەت باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا ۋە ئۇ دەۋردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىياسەتكە ئالاقىدار شەخسى كۆز قاراشلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. كىتاب كەلگۈسىدىكى بىرلىككە كەلگەن ئىتالىيەنىڭ ھۆكۈمدارلىرىغا يول كۆرسىتىش ئۈچۈن قەلەمگە ئېلىنغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن «ماكياۋللىسىت» كەلىمىسى «قۇۋلۇق ۋە ئىككى يۈزلىمىچىلىك» دېگەندەك سەلبىي مەنىلەردە ئىشلىتىلىشكە باشلانغان.

**ئارستوتېل (Aristoteles) مىلادىدىن بۇرۇنقى 322-384 –يىللىرى ياشىغان)**

يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېل ئەپلاتوننىڭ ئوقۇغۇچىسى ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ شەخسىي ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 355-يىلى ئافىنادا پەلسەپە مەكتىپىنى قۇرۇپ چىققان. ئۇ دەرس سۆزلىگەندە لەپپەڭشىپ ماڭىدىغان بولغاچقا، بۇ مەكتەپ «پەرىپاتەتىك مەكتىپى» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ لېكسىيە خاتىرىسىدىن تەركىب تاپقان 22 ھايات ئەسىرى لوگىكا، فىزىكا، مېتافىزىكا، ئاسترونومىيە، مېتېئورولوگىيە، بىيولوگىيە، ئەخلاق ۋە سىياسەتكىچە بولغان كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسى ۋە خرىستىئان ئىلاھىيەت نەزەرىيەسىگىچە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق سىياسىي ئەسىرى غايىۋى دۆلەت تەرتىپىنى تەتقىق قىلغان «سىياسەت»تىن ئىبارەت.

---

ساقلاپ قېلىش كۈچىدىن تارتىپ ئىقتىسادىي جەھەتتىن كۈچلىنىشكە تۈرتكە بولىدىغان كۈچكىچە بولغان بارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن سىياسەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنى بىر مۇناسىۋەت سۈپىتىدە چۈشىنىشكە بولىدۇ. يەنى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئۇلار ياقتۇرمايدىغان يۆنىلىشتە تەسىر كۆرسىتىشتۇر. بۇمۇ خەلق ئۇستىدە «كۈچ ساھىبى» بولۇش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تار مەنىدىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇق ياكى قوماندانلىق قىلىشقا يېقىن شەكىلدىكى راتسىئونال قايىل قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان «تەسىر»نىڭ ئەكسىچە، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش كۈچى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

## ئاممۋىي ئىشلار سۇپىتىدە سىياسەت

ئىككىنچى ۋە تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئۇقۇمى ھۆكۈمەتنىڭ تار دائىرىدىكى چۈشەنچىسىدىن ھالقىپ، «ئاممۋىي ھايات» ياكى «ئاممۋىي ئىشلار»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «سىياسىي» بىلەن «سىياسىي بولمىغان»نىڭ پەرقى ئاممۋىي تۇرمۇش بىلەن خۇسۇسىي دەپ قارالغان ساھە ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بۇ خىل سىياسەت چۈشەنچىسىنىڭ مەنبەسىنى ئادەتتە داڭلىق يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېلغىچە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئارىستوتېل «سىياسەت» ناملىق ئەسىرىدە «ئىنسان تەبىئىتى بىر سىياسىي ھايۋاندۇر» دېگەن تەبىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئىنساننىڭ پەقەت سىياسىي جەمئىيەت ئىچىدىلا «ياخشى تۇرمۇش» كەچۈرەلەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سىياسەت «ئادىل جەمئىيەت» بەرپا قىلىش بىلەن ئالاقىدار ئەخلاقىي پائالىيەتتۇر. ئارىستوتېلنىڭ ئىپادىسى بىلەن ئېيتقاندا، سىياسەت «بىلىملەرنىڭ ئۇستازى»دۇر.

ئۇنداقتا، ئاممۋىي تۇرمۇش بىلەن شەخسىي تۇرمۇش ئارىسىدىكى چەك-چېگرىنى قانداق بەلگىلەش كېرەك؟ ئاممۋىي مۇھىت بىلەن خۇسۇسىي مۇھىت ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى پەرق دۆلەت بىلەن پۇقراۋىي جەمئىيەت ئارىسىدىكى پەرقكە ماس كېلىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرىنى (ھۆكۈمەت سىستېمىسى، مەھكىمىلەر، ساقچى، ئارمىيە، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك سېستىمىسى ۋە باشقىلار) مەھەللىۋىي تۇرمۇشنىڭ كوللېكتىپ شەكىلدە تەشكىللىنىشىگە مەسئۇل بولىدىغان «تەشكىل» دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇلارنىڭ چىقىمى باج ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئاممۋىي چىقىمدىن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتمۇند بۇركىنىڭ «كىچىك تارماق ئەترەتلەر»دە تىلغا ئالغىنىدەك، پۇقراۋىي جەمئىيەت ئائىلە ۋە تۇغقاندارچىلىق، خۇسۇسىي كارخانىلار، ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، كۇلۇبلار، جامائەت گۇرۇپپىلىرى ۋە باشقىلاردىن تەركىب تاپىدۇ ۋە بۇلار شەخسلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، جەمئىيەتتىن بەكرەك ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان بولغاچقا، بۇلار «خۇسۇسىي»دۇر. بۇ «ئاممۋىي / خۇسۇسىي» ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئاساسىدىكى سىياسەت دۆلەتنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرى ۋە ئاممۋىي قورۇلۇشلار قولى بىلەن ئادا قىلىنغان مەسئۇلىيەتلەر بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا شەخسلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن قىلغان ۋە قىلالايدىغان پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ساھەلەر (ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، ئائىلە ھاياتى، خۇسۇسىي، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت بىلەن ئالاقىدارلار...) ئېنىقلا «سىياسىي بولمىغانلار»دۇر.

«ئاممۋىي / خۇسۇسىي» ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە بەزىدە «سىياسىي» بىلەن «شەخسىي» ئوتتۇرىسىدا ئايرىلغان تېخىمۇ ئىنچىكە باشقا بىر پەرق بىلەن ئېنىقلىما بېرىلىدۇ. (1.1-رەسىمگە قاراڭ)

| خۇسۇسىي ساھە | ئاممىۋىي ساھە |
|---|---|
| پۇقراۋىي جەمئىيەت، ئاپتونومىيەلىك قۇرۇلۇشلار، خۇسۇسىي شىركەتلەر | دۆلەت، ھۆكۈمەت ئاپپاراتى |

| خۇسۇسىي ساھە | ئاممىۋىي ساھە |
|---|---|
| ئائىلە ۋە شەخسىي تۇرمۇش | سىياسەت، تىجارەت، ئىش، سەنئەت، مەدەنىيەت |

*ئاممىۋىي/ خۇسۇسىي پەرقى توغرىسىدىكى ئىككى خىل كۆز قاراش (شەكىل 1:1)*

پۇقراۋىي جەمئىيەت گەرچە دۆلەتتىن پەرقلەنسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنە ئاممىغا ئېچىۋېتىلگەن، ئاشكارا پائالىيەت قىلىدىغان ۋە ئامما قاتنىشالايدىغان، يەنى، كەڭ مەنىدىكى «ئاممىۋىي» دەپ قاراشقا بولىدىغان بىر يۈرۈش ئورگانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ ئىقتىسادنى خۇسۇسىي ساھەدىن ئاممىۋىي ساھەگە يۆتكەپ سىياسەت ئۇقۇمىنى كېڭەيتىشىدۇر. شۇڭلاشقا خىزمەت ئورنىدىمۇ سىياسەت ئۇسلۇبىنى تاپقىلى بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل قاراش سودا ساھەسى، جامائەتلەر، جەمئىيەتلەر، كۇلۇبلار ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىغا ئوخشاش ئورگانلارنى «ئاممىۋىي» دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى يەنىلا چەكلىك دائىرىدىكى سىياسەت دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ خىل قاراش بويىچە بولغاندا، سىياسەت «شەخسىي» ئىشلارغا ۋە ئورگانلارغا قول تىقماسلىقى كېرەك.

بولۇپمۇ فېمىنىزمچى (ئاياللار ھوقۇقىنى تەرغىب قىلغۇچى) مۇتەپەككۇرلارنىڭ قارىشىچە، سىياسەت كوچا ئېغىزىدا قەتئىي رەۋىشتە توختاپ قېلىشى كېرەك، سىياسەتنىڭ ئائىلە، ئائىلە ئىچى تۇرمۇش ياكى شەخسى مۇناسىۋەتتە قەتئىيلا ئورنى يوقتۇر. بۇ خىل قاراش سىياسەتچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ كەسپىي ئىشلىرى بىلەن خۇسۇسىي ياكى ئائىلىۋى تۇرمۇشى ئارىسىدا ئېنىق بىر چېگرا سىزىش مايىللىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ئۇلار شېرىكلىرىنى ئالداپ كېتىش ياكى بالىلىرىغا ناچار مۇئامىلىدە بولۇشتەك ئىشلارنى «شەخسىي ئىش» قاتارىغا چىقىرىپ، بۇنىڭ ئاممىۋىي ئىشلارنى ئىجرا قىلىشقا تۇسالغۇ بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، بۇ ئىشلارنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

| خەننا (1975-1906)Hannah Arendt |
|---|
| خەننا ئارېندىت گېرمانىيە سىياسىي نەزەرىيەچىسى ۋە پەيلاسوپى. خەننا ئارېندىت ئوتتۇراھال بىر يەھۇدىي ئائىلىسىدە چوڭ بولغان. 1933-يىلى ناتسىزمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن گېرمانىيەدىن قېچىپ ئامېرىكىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ۋە بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى يازغان. ئۇنىڭ كەڭ تارقالغان ۋە ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكتىكى ئەسەرلىرى مارتىن ھايدېگېر (1889-1976) ۋە كارل ياسپېرسنىڭ (1883-1969)تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەمدە ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىگە «توسالغۇسىز تەپەككۇر» دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «مۇستەبىتلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى» (1951)، «ئىنسانلىق ھالى» (1958)، «ئىنقىلاب ھەققىدە» (1963) ۋە «ئېيچمان ئېرۇسالىمدا» (1963) قاتارلىقلار مەۋجۇت. |

«ئاممۋىي پائالىيەت» دەپ چۈشىنىلىدىغان بۇ سىياسەت قارىشىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي مەنىسى مەۋجۇت. يىلتىزى ئارىستوتېلغىچە يېتىپ بارىدىغان ئەنئەنىۋىي چۈشەنچىدە سىياسەت «ئاممۋىي» خاراكتېرلىك بولغانلىقتىن، ئېنىسىل ۋە مۇنەۋۋەر بىر پائالىيەت سۈپىتىدە كۆرۈلگەن ئىدى. بۇ خىل قاراش سىياسەتنىڭ ئىنسانىي ھەرىكەتنىڭ ئەڭ مۇھىم فورمىسى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇنىڭ ھۆر ۋە باراۋەر پۇقرالار ئارىسىدىكى ئۆزئارا تەسىرلىشىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن خاننا ئارېندىتنىڭ «ئىنسانلىق ھالى» (1958) دېگەن ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ پائالىيەت ھاياتقا مەنە ئاتا قىلىدۇ ۋە ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. سىياسەتكە قاتنىشىشنى ياخشى بىر ئىش دەپ تەسۋىرلىگەن رۇسسو ۋە جون ستۇئارت مىل قاتارلىق سىياسەت پەيلاسوپلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەكۈننى چىقارغان. رۇسسو سىياسىي تۇرمۇشتا پەقەتلا بارلىق پۇقرالارنىڭ بىۋاسىتە ۋە ئۈزلۈكسىز قاتنىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ ياخشىلىنىدىغانلىقىنى ياكى «ئومۇمىي ئىرادە»نى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىلنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە قارىغاندىمۇ، «ئاممۋىي» ھاياتقا قاتنىشىش كىشىنىڭ شەخسىي، ئەخلاقىي ۋە ئەقلىي تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاممۋىي پائالىيەت سۈپىتىدىكى سىياسەتنى ئىستەكسىز ئارىلىشىش دەپ تەسۋىرلەشكىمۇ بولىدۇ. ئەركىن نەزەرىيەچىلەر شەخسىي تۇرمۇشنىڭ بىر تاللاش، كىشىلىك ئەركىنلىك ۋە كىشىلىك مەسئۇلىيەت ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ، دۆلەتكە قارشى پۇقراۋىي جەمئىيەتنى[6] قوللاش مايىللىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنى ئۇلارنىڭ «سىياسىي»نىڭ دائىرىسىنى تارايتىش ۋە سىياسەتنى سودا، تەنتەربىيە ۋە ئائىلە تۇرمۇشىغا ئوخشاش خۇسۇسىي پائالىيەتلەرنىڭ سىرتىدا تۇتۇش تىرىشچانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل قاراشتا سىياسەت كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى خالىغان ئۇسلۇبتا ھەرىكەت قىلىشىنى چەكلەپ قويىدىغانلىقى نۇقتىسىدىن زىيانلىق نەرسە ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، سىياسەت كارخانىلارنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى قانداق ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ياكى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى قانداق ۋە كىم بىلەن ئوينايدىغانلىقىغا ۋەياكى بالىلىرىمىزنى قانداق تەربىيەلەيدىغانلىقىمىزغا قەدەر مۇداخىلە قىلىشى مۇمكىن.

6 پۇقراۋىي جەمئىيەت ئۇقۇمىغا كۆپ خىل ئۇسۇللار بىلەن ئېنىقلىما بەرگىلى بولىدۇ. ئەسلى مەنىسىدىن قارىغاندا، پۇقراۋىي جەمئىيەت دۆلەت نوپۇزى ئاستىدا قانۇن بىلەن باشقۇرۇلىدىغان بىر جەمئىيەتتۇر. يەنى، بۇ «سىياسىي كوللېكتىپ» مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. تېخىمۇ كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇقۇم ھۆكۈمەتتىن مۇستەقىل بىر شەكىلدە ئۆزىنىڭ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەخسلەر تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان «خۇسۇسىي» ئورگانلارغا ئېنىقلىما بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ ۋە دۆلەتتىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بۇ مەنىدىكى «پۇقراۋىي جەمئىيەت» ئاپتونومىيەلىك گۇرۇپپىلار ۋە ئۇيۇشمىلار (يەنى، سودا ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى، مەنپەئەتدار گۇرۇپپىلار ،كۇلۇب ، ئائىلە قاتارلىقلار)نىڭ دائىرىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما گېگىل ئائىلە ۋە پۇقراۋىي جەمئىيەتنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ، بۇلاردىن ئىككىنچىسىنى نەپسانىيەتچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنىڭ دائىرىسى سۈپىتىدە كۆرگەن.

## مۇرەسسە ۋە كېلىشىم[7] سۈپىتىدە سىياسەت

ئۈچىنچى سىياسەت چۈشەنچىسى سىياسەتنىڭ يولغا قويۇلۇش ساھەسىگە قارىغاندا قارار چىقىرىش ئۇسۇلىغا بەكرەك مۇناسىۋەتلىكتۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ، سىياسەت زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ مۇئەييەن ئۇسۇلى دەپ قارىلىدۇ. يەنى، بۇ زورلۇق كۈچ ئىشلەتمەي مۇرەسسە قىلىش ۋە سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش تەشەببۇسى بولۇپ، بۇ سىياسەتنى «مۇمكىنچىلىك سەنئىتى» دەپ تەسۋىرلەيدىغان ئۇسۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىما ئەمەلىيەتتە سىياسەت ئۇقۇمىنىڭ ئىستېمالىدا مەۋجۇت. مەسىلەن، بىر مەسىلىنى سىياسىي يوللار بىلەن ھەل قىلىش دېگەنلىك ئۇنى ھەربىي كۈچ يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى تىنچ يول بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ياكى رىقابەتلىق ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل سىياسەت قارىشىنىڭ يىلتىزىنى ئارىستوتېلنىڭ قەلەمگە ئالغان بايانلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئارىستوكراتىك (ئاقسۆڭەكلىك) ۋە دېموكراتىك ئامىللىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مەنىسىدىكى «ئارىلاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە غايىۋى ھۆكۈمەت سىستېمىسى سۈپىتىدە قارايدىغان سىياسەت (پولىتى) ئېنىقلىمىسىغىچە ئىزنىتىشقا بولىدۇ. بۇ خىل كۆز قاراشنىڭ ھازىرقى زاماندىكى مۇھىم تەشەببۇسچىلىرىدىن بىرى بېرنارد كىرىك بولۇپ، كىرىك تۆۋەندىكىدەك ئېنىقلىما بەرگەن:

«سىياسەت بەلگىلىك ھاكىمىيەت گۇرۇھى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان مەنپەئەتدارلارغا، ئۇلارنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ۋە مەۋجۇتلۇقىدا قانچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىغا ماس ھالدا بىر ئۈلۈش ھوقۇق بېرىپ، مەلۇم بىر يۈرۈش قائىدىلەر ئىچىدە كېلىشتۈرۈش پائالىيىتىدۇر.» [Crick (1992) 21:200]

بۇ خىل قاراش بويىچە، سىياسەتنىڭ ئاچقۇچى ھاكىمىيەتنىڭ كەڭ دائىرىدە تارقىتىلىشىدا بولىدۇ. كىرىك توقۇنۇشنىڭ مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئىجتىمائىي توپ ۋە مەنپەئەتلەرنى مۇنداقلا نەزەردىن ساقىت قىلىشقا ياكى رەت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ھاكىمىيەتكە ئىگە بولغاندا ئۆز ئارا مۇرەسسە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

[7] كېلىشىم - سىياسەتتىكى كېلىشىم ئادەتتىكى كېلىشىمدىن پەرقلىق بولۇپ، ئۇ كەڭ دائىرىلىك بىر مۇرەسسەنى كۆرسىتىدۇ. كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى كەڭ دائىرىدە شەخسلەر ياكى گۇرۇپپىلارنىڭ ھەممىسى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئۇ تولۇق ۋە كەسكىن بىر توختام ئەمەس، بەلكى ئاساسىي ۋە ئاساسلىق پرىنسىپلار ئۈستىدىكى بىر توختامدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىياسەتتىكى كېلىشىمدە يارقىن نۇقتىلار ياكى تەپسىلاتلار توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىردە بولۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. «كېلىشىم سىياسىتى» ئىككى خىل مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. بىرى، قائىدە نىزاملارغا ئائىت كېلىشىم بولۇپ، بۇنىڭدا قارارلارنىڭ سىياسىي پارتىيەلەر ياكى ھۆكۈمەت بىلەن مەنپەئەتدار گۇرۇھلارنىڭ ئارىسىدا پىكىرلىشىش ۋە سودىلىشىش يولى بىلەن چىقىرىلىشى توغرىسىدىكى بىر ئىستەك ئىپادە قىلىنىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزلۈككە باغلىق كېلىشىم بولۇپ، بۇ ئاساسىي سىياسىي نىشانلار توغرىسىدىكى مۇرەسسەدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سىياسىي پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيەلىك مۇھىتتىكى سۈركىلىشىدۇر. ئەنگلىيەنىڭ 1945-يىلدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي دېموكراتىك كېلىشىمى ۋە گېرمانىيەنىڭ ئىجتىمائىي بازار كېلىشىمى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

بۇ سەۋەبتىن كىرىك سىياسەتنى «تەرتىپ مەسىلىسىنى زوراۋانلىق ۋە مەجبۇرلاش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇرەسسە قىلىش يولى بىلەن ھەل قىلىش» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ خىل سىياسەت قارىشى لىبېرال راتسىيونالىست پىرىنسىپىغا بولغان سادىقلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان تالاش-تارتىشلىرىدىن بەكرەك، مۇرەسسە بىلەن تىپىكلەشتۈرۈلىشكە، شۇنداقلا كېڭىشىش ۋە بەس-مۇنازىرىنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، زىددىيەتنى قورقۇتۇش ۋە زوراۋانلىق يولىنى تاللىماي ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

قانداقلا بولمىسۇن، كىرىكنىڭ سىياسەت چۈشەنچىسى غەربنىڭ پلۇرالىست (كۆپ مەنبەچىلىك) دېموكراتىيەسىدىكى سىياسەت شەكلىگە نىسبەتەن كۈچلۈك مايىللىقنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن تەنقىدلەنگەن. بۇ تەنقىدكە ئاساسلانغاندا، كىرىك سىياسەتنى سايلامچە تاللاش ۋە پارتىيە رىقابىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قويغان. خۇلاسىلىگەندە، ئۇنىڭ ئەندىزىسىدە بىر پارتىيەلىك دۆلەتلەر ياكى ھەربىي ھاكىمىيەتلەر ھەققىدە كۆپ نەرسە يوق.

بىلىنىپ تۇرۇپتىكى، بۇ سىياسەت چۈشەنچىسى ئىجابىيلىققا ئىگە.

شۈبھىسىزكى، سىياسەت رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولمىغان خىيالىي بىر ھەل قىلىش يولى ئەمەس («مۇرەسسە قىلىش» بىر تەرەپنىڭلا تولۇق رازى بولۇشىغا يول قويماسلىق، ھەر قايسى تەرەپلەر ئۆز ئارا يول قويۇشۇش مەنىسىدە كېلىدۇ)، ئۇ قان تۆكۈش ۋە زالىملىققا ئوچۇقلا قارشى ئىكەنلىكىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسەتنى مەدەنىي ۋە مەدەنىيەتلەشتۈرگۈچى بىر كۈچ سۈپىتىدە كۆرۈشكە بولىدۇ. كىشىلەرنى سىياسەتنى بىر پائالىيەت سۈپىتىدە ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ئۆز خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا داخىل بولۇشقا تەشۋىق قىلىش مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىرىك سىياسەتكە زىددىيەتلىك ۋە ئومۇمىي جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن بىر پائالىيەت سۈپىتىدە قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، «نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئىشقىلىپ بىر نەتىجىگە ئېرىشىش ئارزۇسى» سىياسەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بۇ خىل قاراش سىياسىي ئىدېئولوگىيەلەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدىن تارتىپ دېموكراتىيەگە قارىغۇلارچە ئىشىنىشكە، ئازغۇن مىللەتچىلىكتىن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ تېپىلىشىغا، ئىلىم-پەندىن نۇرغۇن ئۈمىدلەرنى كۈتۈشكىچە بولغان نۇرغۇن تەرەپلەردە ئۆزىنى نامايان قىلغان.

| |
|---|
| **ھوقۇق يۆرگۈزۈشنىڭ «يۈزلىرى»** |
| ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە «ئا»نىڭ «ب»نىڭ قىلماسلىقى مۇمكىن بولغان بىر ئىشنى قىلدۇرۇشى دەپ تەبىر بەرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىللە «ئا» ھەر ئۇسۇللار بىلەن «ب» غا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بۇ بىزنى ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ھەرخىل ئۆلچىمى ياكى «يۈزلىرى» ئارىسىدىكى پەرقلەرگە ئېلىپ بارىدۇ.<br><br>قارار چىقىرىش سۈپىتىدىكى سىياسەت: ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ بۇ يۈزى بەزى ئۇسۇللار بىلەن قارارلارنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاڭلىق ھەرىكەتلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ بۇ خىل كىلاسسىك شەكلى قارارلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ھوقۇق تۇتقۇچىلار ھەققىدە بەزى ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويغان روبېرت داھلنىڭ |

«ھوقۇقنى كىم يۈرگۈزىدۇ؟ بىر ئامېرىكىلىقنىڭ شەھرىدە دېموكراتىيە ۋە ھوقۇق (1961)» ناملىق ئەسرىدە بار. لېكىن بۇ قارارلار نۇرغۇن يوللارنىڭ تەسرىگە ئۇچرىشى مۇمكىن .

كىس بولدىڭ « ھوقۇقنىڭ ئۈچ يۈزى» (1989) ناملىق كىتابىدا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىش ۋە تەھدىت (كالتەك) بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەن نەتىجىلىك مۇداخىلە (سودىلىشىش)، مەسئۇلىيەت يۈكلەش، ساداقەت ۋە كېلىشىم ئارىسىدىكى پەرقلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كۈنتەرتىپ بەلگىلەيدىغان سىياسەت: ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ ئىككىنچى يۈزى، باكراك ۋە باراتىز (1962) تەرىپىدىنمۇ تىلغا ئېلىنغىنىدەك، ئېلىنغان قارارلارنىڭ ئالدىنى توسۇش كۈچىدۇر. يەنى، ئەمەلىيەتتە «قارار چىقارماسلىق»تۇر. بۇ ئالدى بىلەن تېما ۋە تەكلىپلەرنىڭ مۇزاكىرە قىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق سىياسي كۈنتەرتىپنى ئورنىتىش ياكى ئۇنى كونترول قىلىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن، شەخسي ئىگىلىك تىكلىگۈچىلەر ھەم سەپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى قوغداش قانۇنىغا توسقۇنلۇق قىلىش شەكلىدە ھوقۇقنى يۈرگۈزەلەيدۇ (بۇ بىرىنچى يۈزى)، ھەمدە ھۆكۈمەت، پارتىيەلەر ۋە سىياسىيونلار ئارقىلىق لوبىچىلىق قىلىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنىڭ مۇنازىرە قىلىنىشىنىڭ ( دەخلىگە ئۇچرىتىلىشىنىڭ ) ئالدىنى ئالىدۇ. (بۇ ھوقۇقنىڭ ئىككىنچى يۈزى)

چۈشەنچە كونتروللۇقى سۈپىتىدە سىياسەت

ھوقۇقنىڭ  ئۈچىنچى يۈزى باشقىلارنىڭ ئويلىغانلىرى، ئارزۇلىرى ياكى ئېھتىياجىنى بەلگىلەش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش كۈچىدۇر. (لۇكېس، 1974). بۇ ئىدېئولوگىيەلىك سىڭدۈرۈش (تەلىماتنى سىڭدۈرۈش) ياكى پسىخىكا كونتروللۇقى سۈپىتىدە ئىپادىسىنى تاپالايدىغان ھوقۇق يۈرگۈزۈشتۇر. ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ئالدىقاچان كارخانا تەرىپىدىن قوغدىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا (مەسىلەن، «تەبىئەت دوستى» شەكلىدە) كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنى قاتتىق قوغدايدىغان قانۇنلارنىڭ بېسىمىنى يەڭگىللىتىۋاتقان كەسپي ئېلانلار بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ.

سىياسي تۇرمۇشتا ھوقۇق يۈرگۈزۈشنىڭ بۇ شەكلىدە ئىجرا قىلىنىشىنى  تەشۋىقاتلاردا (ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدېئولوگىيەنىڭ تەسرىدە) كۆرگىلى بولىدۇ.

ھوقۇق يۈرگۈزۈش سۈپىتىدە سىياسەت

سىياسەتنىڭ تۆتىنچى مەنىسى، ھەم ئەڭ كەڭ ھەم ئەڭ رادىكالدۇر.  بۇ خىل ئۇسۇل سىياسەتنى مەلۇم ساھە (ھۆكۈمەت ، دۆلەت ياكى ئاممىۋي ساھە) بىلەنلا چەكلەپ قويماستىن، بەلكى بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە كۈچكە ئىگە قىلىدۇ.

ئادرىئان لېفتۋىچنىڭ «سىياسەت دېگەن نېمە؟ پائالىيەت ۋە ئانالىز» (1984-يىلى 64) ناملىق ئەسرىدە بايان قىلىنغىنىدەك: «سىياسەت رەسمىي ۋە بىرەسمىي، ئاممىۋىي ۋە خۇسۇسىي بارلىق كوللېكتىپ پائالىيەتلەر ۋە بارلىق ئىنسانلار توپىنىڭ، نەزەرىيەلەرنىڭ، جەمئىيەتلەرنىڭ نەق مەركىزىدە.» بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئۆزئارا ئىجتىمائىي تەسىرنىڭ ھەر قاتلىمىدا مەۋجۇت. ئۇ خەلقئارا ۋە دۇنيا مىقياسىدا بولغىنىدەك، ئائىلىلەر ۋە دوستلۇق توپلىرىدىمۇ مەۋجۇت.

ئۇنداقتا، سىياسىي پائالىيەتنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك نېمە؟ سىياسەتنى باشقا ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان سالاھىيەت نېمە؟

ئەڭ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىياسەت ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان بايلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، تەقسىملىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. سىياسەت ئەمەلىيەتتە ھوقۇق يۈرگۈزۈش دېگەنلىكتۇر. يەنى، ئۇ قانداق ئۇسۇلنى قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر نەتىجىگە يېتىش قابىلىيىتىدۇر. بۇ پىكىر خارولد لاسۋېلنىڭ «سىياسەت: كىم نېمىنى قاچان ئالىدۇ» (1936) ناملىق كىتابىنىڭ ئىسمىدا ئېنىق ئىپادىلەنگەن. بۇ قاراش بويىچە ئېيتقاندا، سىياسەت ئوخشىماسلىق ۋە توقۇنۇشقا ئالاقىداردۇر، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ نېگىزى كەمچىللىكنىڭ دائىمىيلىقىدۇر. شۇنداق بىر ئاددىي ھەقىقەت باركى، ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بايلىقلار ھەمىشە چەكلىك بولىدۇ. بۇنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان سىياسەت كەمچىل بايلىقلار ئۈستىدە كۈرەش قىلىدىغان بولغاچقا، ھوقۇق يۈرگۈزۈش بۇ كۈرەشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ يولى بولىدۇ.

بۇ خىل ھوقۇق يۈرگۈزۈش قارىشىنى فېمىنىزمچىلار (ئاياللار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىلار) ۋە ماركسىزمچىلارمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ.

زامانىۋىي فېمىنىزمچىلار «سىياسىي» مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ قىزىقىش ئەلمىساقتىن سىياسەت ئۇقۇملىرىنىڭ ئاياللارنى ئوچۇق بىر شەكىلدە سىياسىي تۇرمۇشتىن چەتكە قېقىشىدەك رېئاللىقىدىن كەلگەن. ئەنئەنە بويىچە، ئاياللار ئائىلە ۋە ئۆي ئىچىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنى مەركەز قىلغان «ئۆزگىچە» بىر ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالغان، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەرلەر سىياسەت ۋە ئاممىۋىي ھاياتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن. شۇ سەۋەبتىن، رادىكال فېمىنىزمچىلار «شەخسىيلىك سىياسىيلىق بىلەن تەڭ» دېيىش ئارقىلىق «ئاممىۋىي/شەخسىي» ئايرىمچىلىقىغا ھۇجۇم قىلىدۇ. بۇ شوئار ئۆي ئىچى، ئائىلە ۋە شەخسىي تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنىڭ سىياسىي ئىكەنلىكىگە ۋە بۇنىڭ ئەمەلىيەتتە باشقا بارلىق سىياسىي كۈرەشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك رادىكال فېمىنىزملىق قاراشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۇسۇل شۈبھىسىزكى، تېخىمۇ رادىكال بولغان بىر سىياسەت چۈشەنچىسى ئارقىلىق قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىنىشى كېرەك.

بۇ قاراش كاتې مىلەتنىڭ «جىنسىي سىياسەت» (1969:23) ناملىق كىتابىدا يەكۈنلەنگەن. كېيت مىلەت سىياسەتكە «بىر گۇرۇپپا كىشىلەرنىڭ يەنە بىر گۇرۇپپا كىشىلەر تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇشىغا سورۇن ھازىرلاپ بەرگەن ھوقۇق قۇرۇلملىق مۇناسىۋەت ۋە بەلگىلىمە» دەپ ئېنىقلىما بېرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، فېمىنىزمچىلارنى «كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ سىياستى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئائىلە مۇناسىۋىتى، ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت، ئاتا-ئانىلار ۋە بالىلار

ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى، خۇددى خوجايىنلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ياكى ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئوخشاش سىياسىيدۇر.

ماركسىزمچىلارمۇ «سىياسەت» دېگەن ئۇقۇمنى ئىككى مەنىدە ئىشلەتكەن. ماركس «سىياسەت» دېگەن ئۇقۇمنى مەلۇم مەنىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرى مەنىسىدە قوللانغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «كوممۇنىزم خىتابنامىسى»دە [1967 (1848)] سىياسىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى سۇمۇرىدىغان تەشكىللىك ھوقۇق يۈرگۈزۈشتۇر» دەپ ئىپادىلىگەن. ماركسنىڭ قارىشىچە، سىياسەت، قانۇن ۋە مەدەنىيەت ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ئۇلى بولغان «ئىقتىسادىي بازا»دىن مۇستەسنا ھالدا «ئۈستىقۇرۇلما»نىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، ماركس ئىقتىسادىي بازا بىلەن قانۇنىي ۋە سىياسىي ئۈستىقۇرۇلمىنى بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ قارىمىغان. ئۇ ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادىي بازىدىن بارلىققا كەلگەنلىكىگە ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىگە ئىشەنگەن. ئۇنىڭچە بولغاندا، تېخىمۇ چوڭقۇر دەرىجىدىكى سىياسىي كۈچ يىلتىزىنى سىنىپ سىستېمىسىدىن تاپالايدۇ.

لېنىنىنىڭمۇ ئېيتقىنىدەك، «سىياسەت ئىقتىسادنىڭ ئەڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسىدۇر.» سىياسەتنىڭ دۆلەت ۋە تار ئاممىۋىي ساھە بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلار بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ماركسىزمچىلار «ئىقتىسادىي دېگەنلىك سىياسىي دېگەنلىكتۇر» دېگەن قاراشقا ئىشىنىدۇ. ماركسىزمچىلار بۇ خىل قاراشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، سىنىپىي كۈرەش بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئاممىۋىي جەمئىيەتنى سىياسەتنىڭ مەركىزىگە قويىدۇ.

بۇ خىل قاراش سىياسەتنى ئاساسەن سەلبىي مەنىدە تەسۋىرلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سىياسەت پەقەت زۇلۇم ۋە بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. رادىكال فېمىنىزمچىلار جەمئىيەتنى پاترىئارخاللىق (ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان) قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە دەپ قارايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆزلىرى بويىچە ئالغاندا، پاترىئارخال جەمئىيەتتە ئاياللار سىستېمىلىق بويسۇندۇرۇلىدۇ ۋە ئاياللار ئەرلەرنىڭ كۈچىگە بەيئەت قىلىدۇ.

ئەنئەنىۋى نەزەرىيە بويىچە، ماركسىزمچىلار كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى سىياسەتنىڭ پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. سىياسەتكە بولغان بۇ سەلبىي چۈشەنچە يەنە بىر تەرەپتىن ئادالەتسىزلىك ۋە زوراۋانلىق قىلىشقىمۇ ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەڭ ئېلان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ماركس پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئارقىلىق سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيەنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغان، رادىكال فېمىنىزمچىلار بولسا ئىجتىمائىي جىنسىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى جىنسىي ئىنقىلاب ئارقىلىق قايتا تەشكىللەش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، سىياسەت ھوقۇق يۈرگۈزۈش ۋە زوراۋانلىق سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەندە، ئۇنى ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئايرىلماس خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە كۆرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. فېمىنىزمچىلار ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي جىنسىيىتىدىن بەكرەك كىشىلىك خاراكتېرىگە ئاساسەن باھالايدىغان، جىنسىيەتچى بولمىغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىنغاندا «جىنسىي سىياسەت»نىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ماركسىزمچىلارمۇ سىنىپسىز جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشى بىلەن «سىنىپ سىياستى»نىڭ

ئاخىرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ: سىياسەت ئاخىرلىشىدۇ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەتمۇ يوقىلىدۇ.

| ئەپلاتون (427م ب -347م ب)Platon |
| --- |
| ئەپلاتون يۇنان پەيلاسوپى. ئۇ بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەخلاق ۋە پەلسەپە ساھەسىدىكى داھى سوقراتنىڭ ئالاھىدە تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ ئىزىدىن ماڭغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 399-يىلى سوقرات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئافىنا يېڭى ھۆكۈمران سىنىپنى تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئاكادېمىيەسىنى قۇرغان. ئەپلاتون ماددىي دۇنيانىڭ ئابستراكت ۋە سەلبىي خىياللارنىڭ مۇكەممەل بولمىغان كوپىيەلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.<br><br>ئۇ ئۆزىنىڭ «دۆلەت ۋە قانۇن» ناملىق كىتابىدا شەرھىلىگەن سىياسەت پەلسەپىسىدە غايىۋى دۆلەتنى بىر ئادالەت نەزەرىيەسى شەكلىدە تەسۋىرلەشكە تىرىشقان، ئەپلاتوننىڭ ئەسەرلىرى خرىستىئان دىنىغا ۋە ئومۇمەن ياۋروپا مەدەنىيىتىگە كەڭ تەسىر كۆرسەتكەن. |

تەرجىمان: مەھمەتجان ئابدۇقادىر

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇرېھىم دۆلەت